# شنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
21
سەيشەنبە
维吾尔文 4 月21日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25038 - سان بۈگۈن 4 بەت


## مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ھازىر ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كېلىۋاتقان خىرىس مىسلىسىز، جەزمەن قەيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەر ۋە ئېنىقسىزلىقنى تولۇق مۆلچەرلەپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا تۇتۇش كېرەك.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ: مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيەت، جەزمەن يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي ھالىتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشى تۆۋەن چېكىنى تولۇق ساقلاش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى، مۇقىملىق ئاساسىدا پائال ئىلگىرىلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەريانىدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، نورمال ئىقتىساد، (ئاخىرى 3 - بەتتە)


شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە


## ئاپتونوم رايونىمىز 5G تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى

### رەقەملىك ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇرنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئۇقۇشىچە: نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچ ئاساسىي تېلېگراف كارخانىسىنى پائال تەشكىللەپ، 5G يىرىك پىلان قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 5G تورىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇۋېتىپتۇ.

2019 - يىلى، ئۈرۈمچى شەھىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە 5Gنى سودىدا ئىشلىتىدىغان شەھەرگە ئايلاندى. «بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي تېلېگراف كارخانىلىرى 5G ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى سودىدا ئىشلىتىش سىناق نۇقتىسى پونكىتىدىن 518نى قۇردى ھەم ئاچتى، ئۇلار ئاساسلىقى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى جۇڭشەن يولى، دوستلۇق قاتارلىق سودا چەمبىرەكلىرىگە جايلاشقان بولۇپ، خۇڭگۇاڭشەن، شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار، ئايروپورت قاتارلىق رايونلارنى نۇقتىلىق قاپلىدى.» ئاپتونوم رايونلۇق خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، 1 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچى ئېبلى ھۈسەن مۇنداق دېدى: «بۇ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 5G تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشنى كېڭەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، سانائەت، ساياھەت كەسىپلىرىدە ئالدى بىلەن 5G تورىنى قۇرىدۇ ھەم ئەمەلىي قوللىنىدۇ».

جۇڭگو تېلېگرافى شىنجاڭ شىركىتى 5G قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بۇ يىل 800 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سالىدۇ. نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 200 قۇرۇلۇش نۇقتىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئىش باشلاندى، تور لايىھەلەش سۈرئىتى %61كە يەتتى، تۈرلۈك يانداش قۇرۇلۇشلار تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىپ، ئەسلىدىكى پىلان مۇددىتىدىن بىر پەسىل بۇرۇن پۈتۈن يىللىق قۇرۇلۇش نىشانىنى تاماملايدۇ؛ 2020 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسىي شەھەر رايونىدا ئۇدا قاپلاش، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، (ئاخىرى 3 - بەتتە)

## 1 - پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توردا پارچە سېتىش سوممىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %11.01 ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېيي خۇڭۋېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە: بۇ يىل 1 - پەسىلدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا توردا پارچە سېتىش سوممىسى 9 مىليارد 119 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %11.01 ئاشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى ئالاقىدار تارمىقىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تېخىمۇ كۆپ ئىستېمالچى تور سىرتىدا تاۋار سېتىۋېلىشنى توردا سېتىۋېلىشقا يۆتكىدى، بۇ، 1 - پەسىلدىكى توردا پارچە سېتىش سوممىسىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب.

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تور بىلەن تور سىرتىنى يۇغۇرۇش، تاۋار ئوبوروتىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىستېمال بازىرىنى جانلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى تەۋەلىكىدىكى سودا كارخانىلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى كارخانىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى، ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى، ئۈچىنچى تەرەپ سۇپىسى بىلەن ئۇدۇللىشىشقا پائال يېتەكلەپ، تور بىلەن تور سىرتىنى يۇغۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ئېلېكترونلۇق ئىستېمال بېلىتى تەسىس قىلىش شەكلى ئارقىلىق، تور بىلەن تور سىرتىدىكى تور ئىستېمالىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەت بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئۆز جايىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىغا تايىنىپ توردىكى جەمئىيەتلەشكەن مۇلازىمەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، (ئاخىرى 3 - بەتتە)

### يەنە بەش ئورۇن دائىرىگە كىردى

## ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت دەرىجىلىك ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى 28گە يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شىيې خۇيبىيەن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى 2020 - يىللىق دۆلەت ئەنگە ئالغان ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، E زاۋۇتى ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى، شىنجاڭ بىيدوۋ ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش بازىسى، تيەنپىڭ يۈنچۇاڭ ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى، جىخۇي پورتى ئارزۇ بوشلۇقى، يۇۋچۇاڭ بوشلۇقىدىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بەش ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى دۆلەت دەرىجىلىك دائىرىگە كىردى. ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايوندا ئەنگە ئېلىنغان ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى 64كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى 28.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقىنىڭ ساغلام، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ ياخشى يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن، 2019 - يىلى 3 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، (ئاخىرى 3 - بەتتە)

## باھاردىكى «نامراتلىققا قارشى جەڭ قىلغان» بەش پەيت

### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئەڭ ئاخىرقى ئېغىر نامراتلىق قورغىنىنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىشقا يېتەكلىدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

بۇ باھار جەزمەن پەۋقۇلئاددە بولىدۇ: تۇيۇقسىز تارقالغان بىر مەيدان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا سىناق سوئالىنى كۆپەيتتى.

ئىش باشلىنىشىدا ئاسان بولغىنى بىلەن ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا ھامان تەسلىشىپ كېتىدۇ. ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىن ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچنى چىڭىتىش، كىرىچنى چىڭىتىش، يەنىمۇ كۈچەشكە توغرا كېلىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىسى قەرەلىدە ئورۇندىلىشىغا يەنە 200 نەچچە كۈن قالدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نامرات رايونلاردىكى كادىرلار، ئامما يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، نامراتلىقتىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستىغا قارشى جەڭ قىلىپ، مۇتلەق نامراتلىققا ئەڭ ئاخىرقى ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىماقتا. بىز باھاردىكى «نامراتلىققا قارشى جەڭ قىلغان» بەش پەيتنى تاللاپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئىرادىسى ۋە تەدبىرىنى نامايان قىلىمىز.

### باھارغا قاراپ ئۈچقان ئىشلەمچىلەرنى توشۇش ھۆددە ئايروپىلانى

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جىن سۇسۇنىڭ نىڭشيا شىخەيگۇدىن فۇجيەن فۇجوۋغا بېرىپ ئىشلەۋاتقىنىغا 49 كۈن بولدى. شۇ كۈنى، ئۇ 4000 يۈەنگە يېقىن مائاش ئالدى، بۇ شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تۇنجى كىرىمى ئىدى. «ئازراق جاپا تارتساممۇ، قىلىدىغان ئىش بولسىلا خاتىرجەم بولىمەن» دېدى ئۇ.

29 ياشلىق جىن سۇسۇ ئىلگىرى قۇرۇلۇش ئورنىدا پولات چۈشۈق باغلايتتى، يۇقۇم سەۋەبىدىن ئۇ ئۆيىدە بىر مەھەل بىكار قالدى، 2 - ئايدا ھۆكۈمەتنىڭ كۆپچىلىكنى فۇجيەنگە ئىشلەمچىلىك قىلىشقا تەشكىللەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆزىنى تىزىملاتتى. تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرغان جىن سۇسۇ جىددىيلەشكەن ۋە ھاياجانلانغان ھالدا فۇجوۋغا يېتىپ باردى، ئۇ ئىللىق ھەم نىم ھاۋادىن ھەيران بولۇپ: «ئىككى سائەت ئىچىدە قىشتىن باھارغا كەلگەندەك بولدۇم» دېدى.

نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرتۈش قاتارلىق ساغلاملىقنى تاللاپ تەكشۈرتكەندىن كېيىن، جىن سۇسۇ خىزمەت ئورنىغا كېلىپ، ئاقما لىنىيە ئىشچىسى بولدى. خىزمەت جاپالىق بولۇپلا قالماي، شىركەتنىڭ بەلگىلىمە - تۈزۈملىرى خۇددى «چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇنى»غا ئوخشايتتى: ئىشقا ۋاقتىدا چىقىپ، ۋاقتىدا چۈشۈشتە كارتا سۈركەش، قاتتىق مۇداپىئەلىنىش، پۇتۇڭخۇا سۆزلەش... «ئەڭ ئازابلىقى تاماققا كۆنەلمىدىم، لېكىن بۇلارنى جەزمەن يېڭىشىم كېرەك!» ئۇنى غەيرەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغىنى جەزمەن تىرىشىپ «لىنىيە باشلىقى» بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈشتىن ئىبارەت كۆڭلىدىكى ئاشۇ «كىچىك نىشانى» ئىدى. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

## خۇ چۈنخۇا جەنۇبىي شىنجاڭدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## قېپقالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك



4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى خۇ چۈنخۇا ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئاقتۇ بازىرى ئىنچىكە ئېرىق كەنتىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى دېھقانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى خۇ چۈنخۇا 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قېپقالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، تاماملاش يىلىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. (ئاخىرى 2 - بەتتە)


نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى


## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەرىكەتتە

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەشكىللىدى، يېتەكلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پائال ئاۋاز قوشۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا قەتئىي ئاتلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملىدى. (ئاخىرى 4 - بەتتە)

### يەتتە فوتوۋولت كەنتىگە

## 6 - ئاينىڭ ئاخىرى چوڭ تور توكى يەتكۈزۈلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **سۈن گۇاڭچۈەننىڭ** دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە: 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنىڭ دۆلەت يولى 219 - لىنىيەسى كۇدى داۋىنى ئورنىدا، (ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 1231 مەمۇرىي كەنت ——

## ئىچكى - تاشقى جەھەتتە تەڭ تۈزەپ يېزا - كەنتلەرنىڭ «قىياپەت»نى يېڭىلىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى شىڭ، سۈي يۈنيەن

رەتلىك، پاكىز كەنت قىياپىتى، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە يېزا - كەنت مەنزىرىلىرى، باھار كۈنلىرىدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى يېزا - كەنتلىرىدە نەگىلا بارسا ئاراەبەخش مەنزىرىلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئاقسۇ ۋىلايىتى 1231 مەمۇرىي كەنتتە يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ئىشنى ھويلا - ئارانلارنى ئۆزگەرتىش، تۇرالغۇ مۇھىتنى ياخشىلاش قاتارلىقلارنى ياخشى قىلىش جەھەتتىن باشلاپ، گۈزەل، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئىچكى - تاشقى جەھەتتە تەڭ تۈزەپ يېزا - كەنتلەرنىڭ «قىياپەت»نى يېڭىلىدى. (ئاخىرى 4 - بەتتە)